# ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ــ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى چىڭ ئىگىلىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەمدە ئالاقىدار دۆلەت ۋە رايونلارغا يۇقۇم ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، بىرىنچى ۋاقىتتا ۋىرۇس گېن تەرتىپى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىپ، قىلچە ئايانماي دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق تەھدىت ۋە خىرىسقا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغدىدى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغدىدى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: چىن مېھىر ـ مۇھەببەت قىيىن كۈنلەردە بىلىنىدۇ، جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىزگە بەرگەن قىممەتلىك چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى تەرىپلەيدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى جۇڭگو تەرەپكە سەممىي ياردەم بەردى ۋە قوللىدى، بىز بۇ دوستلۇقنى باشتىن ـ ئاخىر ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايمىز ھەم قەدىرلەيمىز. جۇڭخۇا مىللىتى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلىدىغان، ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرىدىغان مىللەت، جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر قۇربى يەتكەن دائىرىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللاپ، يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغدايدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس، ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىشىگە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، رايون ۋە يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق قوغداشنى خالايدۇ. بىرىنچى، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يەر شارىۋى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى پائال قوللاش كېرەك؛ تۆتىنچى، خەلقئارا ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو ۋاقتىدا كەسكىن، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور قۇربانلىق بەردى. جۇڭگو خەلقىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە نامايان قىلغان جۇڭگو كۈچى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو ئۈنۈمى، جۇڭگو نامايان قىلغان مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتلىك ئوبرازى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك ئاپىرىن ئوقۇشىغا ئېرىشتى. خەلقئارا جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك مۇنداق قارىدى: جۇڭگو يۇقۇمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن بىللە، پائال، تەشەببۇسكار ھالدا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، بىرقىسىم زەھەر تۈپى تولۇق گېن گۇرۇپپىسى تەرتىپىدىن تېزدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، تېز تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش تەجرىبە دورىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولغانلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۇنيا ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىغىمۇ تۆھپە قوشقانلىق.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، تېخىمۇ ئېھتىياتچان، تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، بىخەتەرلىك قىزىل سىزىقىنى قاتتىق ساقلاپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېغىر، زور بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرى، يوشۇرۇن خەۋپنىڭ كۈچەپ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى ئەستايىدىل ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەخسۇس بەنى قۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك تەدبىر ـ ۋەزىپىلەرنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈچ يىللىق مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى ئارقىلىق، بىر تۈركۈم ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنى ھەقىقىي باشقۇرۇپ، تىزگىنلەپ، بىر تۈركۈم ئېغىر، زور يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىپ، بىر تۈركۈم قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاپ، بىر تۈركۈم ئۈنۈملۈك تۈزۈملەرنى شەكىللەندۈرۈپ، قوش ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلغان بىر قاتار ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى ئورنىتىش كېرەك. «پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش» «بىر ئىش ئورنىدا قوش مەسئۇلىيەت بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى سىجىل كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىنى قەتئىي تۈزەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە سەييارە تەكشۈرۈپ باھالاش، كۈندىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىقنى تارتىش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە، سېلىنمىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە، باشقۇرۇشنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە، نازارەت قىلىشنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش، بولۇپمۇ قاتناش، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، كان، خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇملار، ئوت ئۆچۈرۈش، مائارىپ، ساياھەت ھەمدە ئالاھىدە ئۈسكۈنە، ئېلېكتر كۈچى، سۇچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق كەسىپ، ساھەلەردە بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، قاتتىق تىزگىنلەش، ھادىسە يوشۇرۇن خەۋپىنى قاتتىق تەكشۈرۈش، قاتتىق تۈزىتىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭ تۇتىدىغان، ئورتاق باشقۇرىدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تەبىئىي ئاپەت ۋە تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى قەتئىي بوشاشماي ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش جەريانىدا مائارىپ ئوقۇتۇشى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بازىسىنى قەتئىي ياخشى قوغداپ، بىخەتەر، تەرتىپلىك، نۇقسانسىز بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شىنجاڭ داشۆنىڭ ئاساسىي مەكتەپ رايونىدا، لى پىڭشىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش رايونىغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئارقا سەپ كاپالىتى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم سىنىپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ مەكتەپنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ئىككى مەكتەپ رايونىدىكى دەرسخانا، ياتاق، تەجرىبىخانا قاتارلىق ئوقۇتۇش، تۇرمۇش رايونلىرىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىدە، لى پىڭشىن رېپېتىتسىيە زالى، كۆپ ئىقتىدارلىق دەرسخانا، ئاڭلىتىش تەجرىبىخانىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا كىرىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، دەرس ئۆتۈش ئەھۋالى ھەم يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئەھۋالىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى ھەم ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

لى پىڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىدىيەۋى تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تەلىپى بويىچە، مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇشى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، قەتئىي تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەكتەپكە قايتىش ئۆلچىمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشىكنى چىڭ ساقلاپ، ئۆتكەلنى ياخشى ئېتىۋېلىپ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى «تۇنجى مۇداپىئە سېپى»نى مۇستەھكەملەش كېرەك. دەرسخانا، ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق ئادەم زىچ توپلىشىدىغان رايونلار ۋە نۇقتىلىق ئورۇنلارنى كۈندىلىك دېزىنفېكسىيەلەش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىق لايىھەسىنى ئىلمىي تۈزۈپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىنىڭ كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا، قەلبىگە سىڭىشىگە، ھەرىكەتنىڭ تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ غىزالىنىش لايىھەسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئوقۇتۇش پىلانىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئىسلاھاتى ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ۋە ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسى ياقلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ياخشى ئىشلەپ، تەربىيەلەش پىلانىنى ۋاقتىدا ئورۇنداش ھەم ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئوقۇش پۈتكۈزۈشى، بالدۇرراق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەرلىك باشقۇرۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ۋە تۈگىتىپ، مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پىڭشىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە كومىتېتلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشى، ۋەزىپە ئېنىق بولۇش، تەدبىرلەر جايىدا بولۇش، مەسئۇلىيەتنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك كادىرلار جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى ھەقىقىي مۇجەسسەملىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رىبەن خۇۋا بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز تەلىپى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىلىق تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە تەشكىللەپ، يېتەكلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسىنى سىجىل پۇختىلاش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى «تۆتتە كۈچەش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەسلىك، سالماقنى ئازايتماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كۇتىسىز ھالدا پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەۋقەنى خىزمەت ئېھتىياجىغا قويۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆججەتنى ئىخچاملاش، يىغىننى ئازايتىش؛ پىلانلىق باشقۇرۇش بىلەن نازارەت قىلىپ يولغا قويۇشنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش شەكلى ۋە ئۇسۇللىرىنى ياخشىلاش؛ چوڭقۇر بولۇش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئىنچىكە بولۇش، دەل جايىدا بولۇش، ئۈنۈملۈك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «تەشتەك مەنزىرىسى»گە قارىماسلىق، «كونا يول»دا ماڭماسلىق، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، توغرا يۆنىلىشتىكى رىغبەتلەندۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ھەم «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم توغرا يۆنىلىشتىكى رىغبەتلەندۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بار، جاپالىق رايونلار ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى كادىرلارغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسىيدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ماھىر، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش كۈچى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، «نەتىجە يارىتىشنى خالايدىغان، نەتىجە يارىتالايدىغان، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولغان» كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇشقا، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشقا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا، پائال نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىشنى رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلاردىن باشلاپ تۇتۇش، ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ياخشىلاپ، يىغىن، پائالىيەتلەرنى ئىخچاملاپ، ھۆججەت، قىسقا خەۋەرلەرنى ئىخچاملاپ، باشلامچىلىق بىلەن راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە ئۈلگە كۆرسىتىپ، شۇ دەرىجىلىك تۆۋەن دەرىجىلىكنى يېتەكلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيەلىك كادىرلار ئىستىلىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى ئاساسىي قاتلامغا مايىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپىسى)لىرى ھەقىقىي تۈردە سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، بىرىنچى قول رەھبەر باش مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، قەتئىي ھالدا «ئۇقتۇرۇش»تىكى ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلەرنى پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھەقىقىي تۈردە جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، مېھرىبانلىقى، ئېھتىياتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى كۆزلىشى كېرەك. شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش، پارتىيە كومىتېتى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى، يىللىق خىزمەت دوكلاتى بېرىش قاتارلىق تۈزۈملەرگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە يېڭىپ، شەكىلۋازلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پىڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، يەرلىك نىزام چىقىرىشنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلەر خىزمىتى قائىدىسى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى تەتقىق قىلىپ قارار قىلىش ئارقىلىق، دىڭ شۆچىڭ قاتارلىق 20 مۇتەخەسسىسنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىكىگە تەكلىپ قىلدى.

20 نەپەر نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسى كەڭ كۆلەمدە كۆرسىتىش، ئەلالار ئىچىدىن ئەلالىرىنى تاللاش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەم نىزام چىقىرىش ئورگانلىرىدىكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەر، مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسپىي زاتلار بار، ھەم ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدىكى داڭلىق ئالىملار بار، يەنە ئادۋوكاتلىق كەسپىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللەر بار بولۇپ، ھەممىسى بىرقەدەر كۈچلۈك نەزەرىيە ساپاسىغا، مول ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە.

شەۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى نىزام چىقىرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ، نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلەر تۈزۈمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىش، ھۆكۈمەت تايانچ بولۇش، ھەرقايسى تەرەپلەر نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە قاتنىشىش ۋەزىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇن، بۇ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ رېئال ئېھتىياجى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلەر تۈزۈمىنى ئورنىتىشى نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ دېموكراتىيەلىكلىكى، ئىلمىيلىكلىكىنى كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى باشتىن ـ ئاخىر نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، قىممىتى بار پىكىر ـ تەكلىپلەرنى كۆپرەك ئوتتۇرىغا قويۇپ، نىزام چىقىرىش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شەۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: دائىمىي كومىتېتتىكى ھەرقايسى تارماقلار نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنى نىزام چىقىرىشقا قاتنىشىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلىپ، مۇتەخەسسىسلەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ـ تەكلىپلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تولۇق قوبۇل قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. سىرداش بولۇپ، قەلبلەرنى ئىللىتىپ، مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا قولايلىق يارىتىپ، ياخشى شارائىت ھازىرلاپ، مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەت بېرىشنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىدىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

گۇ خۇاشياڭ، رۇقىيە غوجا تۇنجى تۈركۈمدە تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىسلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، مۇتەللىپ قاسىم، بادەي، سو يۈ پائالىيەتكە قاتناشتى.